# 21645 ـ ھەيزدار ۋە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ۋىدا تاۋاپ قىلىشىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

ھەيزدار، تۇغۇت بىلەن نىپاسدار بولغانلار، ئاجىز ۋە كېسەل كىشىلەر ۋىدا تاۋاپى قىلىشى كېرەكمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

ھەيزدار، تۇغۇت بىلەن نىپاسدار بولغان ئاياللارغا ۋىدا تاۋاپى قىلىش لازىم ئەمەس، ئەمما ياشانغان ۋە كېسەل كىشىلەر كۆتۈرۈلۈپ ياكى بىر نەرسىگە چىقىرىلىپ ۋىدا تاۋاپى قىلىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر ئاخىرىدا كەبىنى تاۋاپ قىلماي تۇرۇپ چىقىپ كەتمەڭلار دېگەن.

يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە: كىشىلەرنىڭ مەككىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قىلىدىغان ئاخىرقى ئىشى كەبىنى تاۋاپ قىلىش بولۇپ، بۇ ئىش ھەيزدار ئاياللاردىن يەڭگىللىتىلدى دېيىلگەن.

يەنە بىر ھەدىستىمۇ نىپاسدار ئاياللار ھەيزدار ئاياللارغا ئوخشايدۇ، ئۇلارغىمۇ ۋىدا تاۋاپى قىلىش لازىم ئەمەس دېيىلگەن.